ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى داۋاملىق قاراپ چىقتى

# قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ يېڭى تۆھپە يارىتىشىمىز كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىدىكى ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى داۋاملىق قاراپ چىقتى، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2019 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈردى.

ۋەكىللەر مۇنداق قاردى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات يۈكسەكلىكى يۇقىرى، باش تېمىسى روشەن، نىشانى ئېنىق، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان، ئىنتايىن كۈچلۈك يېتەكچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئاممىغا يېقىن، ئىشەنچنى ئۇرغۇتىدىغان، كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. پىلان دوكلاتىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ياخشى بوپتۇ، 2020 ـ يىلدىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپى ئېنىق، چۈشىنىشلىك بوپتۇ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە تەدبىرلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ؛ خامچوت دوكلاتىدىن قارىغاندا، 2019 ـ يىللىق خامچوتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپتۇ، بۇ يىللىق مالىيە كىرىم ـ چىقىم ۋەزىيىتى ئىلمىي، ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىنىپتۇ، پۈتۈن يىللىق خامچوت ۋەزىپىسىنى تاماملاش تەدبىرلىرى كۈچلۈك بولۇش تەكلىپى بېرىلىپتۇ. بۇ ئىككى دوكلات ناھايىتى ئەمەلىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىش مۇمكىنلىك دەرىجىسى يۇقىرى بوپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى چېن يىشى مۇنداق دېدى: 2019 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرىيۈرۈش پۇختا، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلدى، نەتىجىلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇردى. بولۇپمۇ كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ تارىخىي خاراكتېرلىك بۆسۈش بولدى، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىشى شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بۇرماقان مولدۇ مۇنداق دېدى: دېھقان ـ چارۋىچىلار پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ياخشى سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى، قاتتىقلاشتۇرۇلغان يول ھەربىر كەنتكىچە ياسىلىپ، سىرتقا چىقىشىمىز تېخىمۇ قولايلاشتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چېگرا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، ھەر جەھەتتىكى شارائىتلىرىمىزدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىگە رەھمەت.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى چېن شىجۇڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنىڭ سىياسىي يۈكسەكلىكى يۇقىرى، خىزمەت تەدبىرلىرى كۈچلۈك، كەلگۈسى نىشانى ئېنىق بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى يوشۇرمىغان، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ قوللاپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈرتكە بولۇپ، قانۇنىي ئىگە ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سۇ شياۋلى مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ئاممىغا يېقىن، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستى توپلانغان، ئىشەنچنى ئاشۇرىدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. بىز خىزمەت پىكىر يولىمىزنى ئېنىقلاشتۇرۇپ، راۋانلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ۋەزىپە، تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ يېڭى تۆھپە يارىتىشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئېرجان قوسمان مۇنداق دېدى: دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋاڭ شىنشياڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت «ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئامانلىقى، ھال ـ ئەھۋالىنى ئەڭ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق تولۇقۇز چوڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا يولۇققان باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

25 تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى؛ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»نىڭ 484 خىزمەتچىسىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بۇ يىلقى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، بىرىنچىدىن، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنچىللىق سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، نازارەتچىلىكنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، خەلق ئۆزىگە ئىگە بولۇش تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ يەتتىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش تەلىپىنى قاندۇرۇش، سوت قىلىش سىستېمىسى ۋە سوت قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتىن 2019 ـ يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى. باھارگۈل سەمەت مۇنداق دېدى: بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، سوت قىلىشنى مەركەز قىلغان سوت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، تەپتىش فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، قانۇن نازارەتچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان تەپتىش قوشۇنى بەرپا قىلىش، تەپتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت بەش جەھەتتىن 2019 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى. لى يۇڭجۈن مۇنداق دېدى: بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلققە مەسئۇل بولۇپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن نازارەتچىلىكى مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ئادىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن تەپتىش كۈچىنى تەقدىم قىلىپ، تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىدۇ.

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى

# دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى:** 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى، تۈرلۈك قارار ۋە دوكلات لايىھەلىرىنى قاراپ چىقتى.

ئەزالار بىردەك مۇنداق قاردى: ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، ئىككى مەھكىمە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن قانۇن يۈرگۈزۈش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا يۈكلەنگەن سوت قىلىش ۋە قانۇن نازارەتچىلىكى فۇنكسىيەسىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

ئەزا لى ئەنمىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن بىر يىلدا، ئىككى مەھكىمە فۇنكسىيەسىنى پائال ئادا قىلىپ، مۇقىملىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، تەرەققىياتنى قوغداپ، خەلق ئۈچۈن قانۇن يۈرگۈزۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچلۈك ئاشۇردى. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىدا، ئىككى مەھكىمە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ قانۇن يۈرگۈزۈش، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ كۆپ قانۇن ئىدارە قىلىش نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك.

ئەزا ۋاڭ يۈڭگاڭ مۇنداق قاردى: ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا خۇلاسىلەنگەن نەتىجىلەر ئەمەلىي، پىكىر يولىنىڭ پىلانلىنىشى ئېنىق بوپتۇ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئەدلىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەزا شەن خۇڭۋېي مۇنداق قاردى: ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى مول، قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، «تەييار مال»لار لىق، نەتىجە مول بوپتۇ. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى مەھكىمە خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قانۇن يۈرگۈزۈش ئادىللىقى ۋە جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقىنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە پائال ھەقىقىي تەكلىپ بېرىمەن، ياخشى تەدبىر كۆرسىتىمەن.

ئەزا جۇرئەت قۇربان مۇنداق دېدى: ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدىكى بايانلار توغرا، سانلىق مەلۇماتلار تەپسىلىي، ئېنىق، دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ ئاساسى بار، توغرا سىياسىي يۆنىلىش پۇختا ئىگىلىنىپتۇ، تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ۋە ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا زىچ باغلىنىپتۇ. ئۇ مۇنداق تەكلىپ بەردى: سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئىككى مەھكىمە خىزمىتىگە تېخىمۇ پائال كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، دىققەت قىلىۋاتقان جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىلىق كېڭىشىش ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق ھالدا قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بىرىكمە كۈچ مۇجەسسەملىشى كېرەك.

ئەزا ۋۇ شىنچېڭ مۇنداق تەكلىپ بەردى: سەممىي قاتناش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ۋەدىسىدە تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، يول ترانسپورت بازىرىنىڭ تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، مەدەنىي يول قاتناش مۇھىتى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئەزا گۈلباھار مەمەتئېلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، ئىككى مەھكىمىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئۈچۈن قانۇن يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدىغانلىقى ئىكەن. «ئىككى مەھكىمە كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمەلىي بولغان نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق خەلقنى غەمدىن خالاس قىلدى، خەلقنىڭ ئاغرىنىشىنى پەسەيتتى، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى، بۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ».

**(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، ۋاڭ يۈجاۋ، خېي خۇڭۋېي، رېن جياڭ، لى چۈنشيا، ليۇ شياڭ، چاۋ جىن يازغان)**

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى 20 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى 20 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىندا ئالاقىدار دوكلات ۋە ئىزاھات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ 2019 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوت لايىھەسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتى ماقۇللاندى. بۇ ئىككى دوكلاتنى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياسەتچىلىرى 2 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى مۇتەللىپ قاسىم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

# سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىدا 747 تەكلىپ تاپشۇرۇۋېلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش كومىتېتى 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات(لايىھە)نى قاراپ چىقتى. 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 16 گىچە، يىغىن جەمئىي 747 پارچە تەكلىپ تاپشۇرۇۋالدى.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 747 پارچە تەكلىپ ئىچىدىكى 691 پارچىسى تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەر ئىچىدە ئەزالار تەكلىپى 565 پارچە بولۇپ، 81.8%نى ئىگىلىگەن؛ كوللېكتىپ تەكلىپ 126 پارچە بولۇپ، 18.2%نى ئىگىلىگەن.

تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەر ئىچىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى تەكلىپ 357 پارچە بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 51.7%نى ئىگىلىگەن؛ سىياسەت، قانۇن ـ نىزام جەھەتتىكى تەكلىپ 132 پارچە بولۇپ، 19.1%نى ئىگىلىگەن؛ خەلق تۇرمۇشى، جەمئىيەت ئىشلىرى جەھەتتىكى تەكلىپ 202 پارچە بولۇپ، 29.2%نى ئىگىلىگەن.

تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەرنىڭ مەزمۇنىدا دىققەت باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە يېشىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئەزالارنىڭ تەكلىپ سۈپىتى ئېنىق يەنىمۇ كۈچەيگەن، تېما تاللىشى تېخىمۇ مەركەزلەشكەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى تېخىمۇ پۇختا بولغان، تەكلىپلىرى تېخىمۇ كونكرېت بولغان، سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەن بولۇپ، تەكلىپ بېرىش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى نامايان قىلىنغان.

ئىگىلىنىشىچە، يىغىن يېپىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپلەرنى بېجىرىشكە تاپشۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە تۇرغۇزۇلغان تەكلىپلەرنى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەكلىپ بېرىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن تاپشۇرۇۋېلىنغان تەكلىپلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تەكلىپ كومىتېتى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تەكلىپ قىلىپ تۇرغۇزىدىكەن ھەم ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن.